## دەرھال ئىلان قىلىنىش ئۈچۈن

جوڭگو : شىنجاڭ نامايىشدىن كېيىنكى تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىز دېرەكسىز غايىپ بولغان. جوڭگو ھۆكۈمىتى چوقۇم ھەر بىر تۇتقۇن ئۈچۈن جاۋاپ بېرىشى كېرەك.

( نىۋ يورك ، 21 - ئوكتەبىر 2009 - يىلى ) - كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزۈتۈش تەشكىلاتى بۈگۈن ئىلان قىلغان " مەجبۇرى غايىپ بولۇشلار توغرىسىدىكى " يېڭى دوكلاتىدا، جوڭگو ھۆكۈمىتى چوقۇم 2009 - يىلى ئىيۇل ئۈرۈمچىدىكى نامايىش ۋە ئۇندىن كېيىنكى ۋاقەلەردە تۇتقۇن قىلغان تۈرمىلەردىكى ھەر بىر تۇتقۇن ئۈچۈن دەرھال جاۋاپ بېرىشى كېرەك ۋە مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ كەشۈرىشگە رۇخسەت قىلىشى كېرەك دەپ كورسەتتى.

بۇ 44 بەتلىك " ' بىز ھەتتاكى ئۇلارنى ئىزدەشكىمۇ پېتىنالمايۋاتىمىز '
شىنجاڭ نامايىشدىن كېيىنكى يۈرگۈزىلىۋاتقان ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشلەر " دەپ باشلانغان بۇ دوكلاتتا نامايىشتىن كېيىنكى جوڭگو ھۆكۈمىتى تەرەپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن 43 نەپەر ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە ياش ئوسمۇرلىرىنىڭ ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىگى ھوججەتلەشتۈرۈلگەن.

كىھىسلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيە بولۇمىنىڭ دىرەكتورى بىرەد ئەدەمس " بىز ئەنگە ئالغان بۇ ھوججەتلەر بەلكىم پەقەتلا تۈزتاغنىڭ ئۈچى بولىشى مۇمكىن. گەرچە جوڭگو ھۆكۈمىتى ئۆز قانۇنىغا رىئايە قىلدىغانلىغى ئېيتقان بولسىمۇ كىشىلەرنى ئويلىرىدىن ۋە كوچىلاردىن تۇتۇپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ھايات ماماتلىغىنى ئائىلە تاۋاباتلىرى بىلمىگەن ھالەتتە ئىز دىرەكسىز يوق قىلىۋىتىشى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سوزىنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىگىنى كورسىتىپ بىرىدۇ " دىدى.

ئوتكەن ھەفتە شىنجاڭ ئەدىلىيە مىنىستىرلىگى نامايىشقا قاتناشقانلار ئۇستىدە سوت قىلىشنى باشلىدى. 9 كىشى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلدى ۋە 3 كىشى ئۆلۈم جازاسى 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشقا بىر كىشى مەڭگۈلۈك تۈرمە جازاسىغا ھوكۇم قىلىندى.

كىشىلىك ھوقۇق كۆزۈتۈش تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتىدا كورستىلگەنىدەك 2009 - يىلى 6 - 7 ئىيۇللاردا جوڭگو قوراللىق ساقچى تارماقلىرى ۋە ھەربى قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان دوڭكوۋرۈك ۋە ئات بەيگىسى مەيدانى ناملىق ئىككى رايوندا كەڭ كولەملىك ھالدا ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ ھەركەتنىڭ داۋامى سەل پەسلىگەن ھالەتتە ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە داۋام ئەتتى.

كىشىلىك ھوقۇق كۆزۈتۈش تەشكىلاتىنىڭ ھوججەتكە ئالغان مەجبۇرى دىرەكسىز غايىپ بولۇش زىيانكەشلىگىگە ئۇچرىغۇچىلىرى ئاساسەن 20 ياش ئەتراپىدىكى ياش ئۇيغۇر ئەرلىرى بولۇپ شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ھەتتا كىچىكلىرى يىشى 12 ۋە 14 ياشلىق باللارمۇ بار. بەلكىم ئىز دىرەكسىز غايىپ بولۇشنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرى ئىچىدە جوڭگولۇق خەنزۇلارمۇ بولىشى

مۇمكىن بىراق كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئۈرۈمچىدە زىيارەت قىلغان 25 دىن ئارتۇق جوڭگولۇق خەنزۇلار ئىچىدە ھېچكىشى بۇنداق مۇمكىنچىلىكتىن بىشارەت بەرمىدى.

شاھىدلارنىڭ ئىسپاتلىق بىرىشىچە بىخەتەرلىك قوشۇنلىرى دەسلەپتە پۈتۈن مەھەللىلەرنى تۇسۇپ ئۇيغۇر ياش ئەرلىرىنى ئىزدىگەن. بەزى ئەھۋاللاردا دەسلەپتە ئەرلەرنى باشقىلاردىن ئايرىۋىلىپ ئاندىن ئۇلارنى تىزلاندۇرۇپ ياكى يەرگە تۈز ياتقۇزۇپ يەنە بەزى ئەھۋاللاردا ئۇلارنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامايىشقا قاتناشقان قاتناشمىغانلىغىنى سوراق قىلغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ بەدىنىدە يارا ياكى كوكەرگەن ئىزلار بولسا ۋە ياكى نامايىش جەريانىدا ئويىدە بولمىغان بولسىلا تۇتۇپ ئىلىپ كىتىلگەن. يەنە باشقا ئەھۋاللاردا بىخەتەرلىك تارماقلىرى ياش ئۇيغۇر ئەرلىرىلا بولسا تۇتالىغىنىنىڭ ھەممىسىنى قارا قويۇق تۇتۇپ قانچە ئونلىغان ياشلارنى بى قىلىپ ماشىنىغا بىسىپ ئىلىپ كەتكەن.

25 ياشلىق ماخمۇد م . ( ئىسمى ئوزگەرتىلدى ) ۋە ئۇنىدىن باشقا 16 ئەر كىشى ئۈرۈمچىنىڭ ئات بەيگىسى مەيدانىدىكى تۇتقۇنلۇق نەتىجىسىدە ئىز دىرەكسىز غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئايالى ۋە يەنە بىر شاھىدنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كۆزۈتىش تەشكىلاتىغا ئىيتىشىچە 6 - ئىيۇل كەچ سائەت 7 لەر ئەتراپىدا 150 دەك فورما كىيگەن ھەربى ۋە ساقچىلار كىلىپ پۈتۈن مەھەللىنىنىڭ ئاساسلىق كوچىسىنى توسۋالغان :

" ئۇلار ھەممە كىشىلەرنى ئويلىرىدىن چىقىشقا بۇيرىغان. ئاياللار ۋە ياشانغانلارنى كوچىنىڭ بىر تەرەپىدە تۇرۇشقا ۋە 12 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان بارلىق ئەرلەرنى بىر تەرەپكە تامغا تاقاپ تىزغان. بەزى ئەرلەرنى تىزلاندۇرۇپ بەزىلىرىنى بولسا زورلۇق بىلەن يەرگە بىسىپ قولىنى بىشىغا قويغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كورەلمەسلىگى ئۈچۈن كوينەك ۋە مايكىلىرىنى بەشىغا يوگەپ قويغان.

ساقچى ۋە ھەربىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىنىدە كوك ياكى يارا ئىزلىرى بار يوقلۇچىنى تەكشۈرگەن.كىشىلەرنىڭ 5 - 6 ئىيۇل كۈنلىرى نەئەد ئىكەنلىگىنى سورىغان ۋە ئۇرغان. ھەتتاكى ياشانغانلارنىمۇ ئۇرغان يەنى بىزنىڭ خوشنىمىز 70 ياشلاردىكى بىر بوۋاينىمۇ قانچە قىتىملاپ تىپىپ ئۇرغان. بىز ئۇلارنى توختىتىشقا ئامالسىز بولمىدى. ئۇلار بىزنى تىڭشمايتتى . "

كىشىلىك ھوقۇق كۆزۈتۈش تەشكىلاتىنىڭ ئەنگە ئالغان بۇ ۋە بۇنىدىن باشقا ھوججەتلىرىدە تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە تاۋابەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ دىرىگىنى قىلىشلىرى نەتىجىسىز بولغان. ساقچى ۋە باشقا بىخەتەرلىكنى ساقلاش تارماقلىرى ئۇلارنى تۇتقانلىغىنىمۇ ئوز ئۈستىگە ئالمىغان شۇنداقلا ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرى ھالدا ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى دەرھال توختىتىشنى، گۇناھسىزلارنى دەرھال قويۇپ بىرىشنى، ۋە تۇتقۇن قىلىنغان ھەر بىر كىشىگە جاۋاپ بىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق كۆزۈتۈش تەشكىلاتى جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ

مۇستەققىل خەلقارالىق تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۈرۈمچى ۋاقەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشكە يول قويىشىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسىيونى تەرەپىدىن يېتەكچىلىك قىلىنغان ئىنقلاش ئېلىپ بىرىلىشىنى جىددى تەلەپ قىلىدۇ.

" جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۇتقۇن قىلىنغانلارنى چوقۇم رەسمى بولغان تۈرمە ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلالىشى، قانۇنى ۋاكالەتچىلىككە ئېرىشەلىشى كېرەك. كىشلەرنى غايىپ قىلىۋىتىش خەلقارادا رەھبەرلىكنى كوزلەۋاتقان دولەتلەرنىڭ قىلىدىغان قىلىقلىرى ئەمەس " دەپ كورسەتتى ئەدەمس.

2009 - 5 - 7 - ئىيۇل شىنجاڭنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە يۈزبەرگەن نامايىش جوڭگودىكى ئوتكەن ئون يىل مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر مىللەتلەر توقۇنىشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بۇ نامايىش جوڭگونىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھۇجۇمدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاز سانلىق مىللەت دەپ قارىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا بولغان كەمستىش سىياسەتلىرىگە بولغان نارازىلىق بىلەن ئۇيغۇرلار نامايىشقا چىققان. ئەسلىدە تىنچلىق بىلەن باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى تىزلىكتە خەنزۇلارغا قارىتا شىددەت قوللىنىشقا ئوزگۇرۇپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرنى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ھالدا قالدۇرغان.

كىينكى تەكشۈرۈش - ئىنىقلاشلار بىتەرەپ ھالدا خەلقارا قانۇن، جوڭگو قانۇنى ئولچىمى ئىچەدە ئېلىنىپ بىرىلماستىن بەلكى جوڭگو قانۇننى قوغداش تارماقلىرى ئۈرۈمقىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا كەڭ كولەملىك ھالدا قانۇنسىزلىق بىلەن تۇتۇش ئېلىپ باردى. ھۆكۈمەتنىڭ نامايىشتىن كىين قولغا ئالغانلارنى رەسمى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلىرىمۇ تۇتقۇن قىلىنغانلار سانىنىڭ مىڭدىن ئوبدانلا ئاشقانلىغىنى كورسەتتى.

خەلقارا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش قانۇنىدا ئەگەر بىر دولەتنىڭ ۋاكالەتچى تارماقلىرى بىر كىشىنى تۇتىۋەلىپ ئۇنىڭ تۇتۇلغانلىغىنى ئۇستىگە ئالماي، نەردە تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقانلىغىنى ئاشكارىلىماسلىق شۇ دولەتنىڭ مەجبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىش جىنائىيتىنى ئوتكۇزگەنلىگى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. „ غايىپ „ بولغۇچىلار داۋاملىق ھالدا تەن جازاسىغا ھەتتا قانۇنسىز ئولتۇرىۋىتىلىشكە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋاباتلىرى بولسا ئۇلارغا نىمە بولغانلىغىنى بىلەلمەي داۋاملىق تىت تىت بولۇش قاتارلىق زۇلمەتلەرگە يۈزلىنىدۇ.

" ئامىرىكا قوشما شتاتلىرى، ياۋروپا بىرلىگى ۋە جوڭگونىڭ باشقا خەلقارالىق ھەمكارداشلىرى چوقۇم شىنجاڭدا غايىپ بولغانلارغ ئانىمە بولغانلىق توغرىسىدا ئىنىق جاۋاپ تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئۇلار سودا ئالاقىسىنىڭ ياكى باشقا سىياسى مەنپەئەتلەرنىڭ جوڭگوغا نىسبەتەن بۇنداق بىر ۋەھشى جىنايەت ئوتكۇزگەن ھەرقانداق دولەتتىن باشقىچە پوستسيەدە بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىگى

**كرەك " دىد ئەدەمس.**

**كشلك هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ بەتلك " ‘ بىز هەتتاكى ئۇلارنى ئىزدەشكىمۇ پىتنالمايۋاتىمز ‘ شنجاڭ نامايىشدىن كيىنكى يۇرگۇزىلىۋاتقان ئىز - دىرەكسز يوقاپ كىتىشلەر " ناملىق دوكلاتىنى ئوقۇش ئۇچۇن توۋەندىكى تور بتىنى زىيارەت قىلىڭ :**

http://www.hrw.org/en/node/86106